Would you like to read this page in English? Yes | No, don't ask again

News Release | November 12, 2025 6:00PM EST

ئۇيغۇرچە Türkçe Deutsch Français 繁體中文 简体中文 English Available In

تۈركىيە: «چەكلەش كودلىرى» ئامانلىق ئىزدىگەن ئۇيغۇرلارغا زىيان سېلىۋاتىدۇ

خىتايدىن كەلگەن تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ خەلقئارالىق قوغدىلىش ھەققى كاپالەتكە ئىگە بولسۇن

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ تۈركىيە زىيارىتىگە قارشى نامايىشتا، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتىدىن بىر نەپەر ئۇيغۇر ئىستانبۇلدىكى بەيازىد مەسجىتىدە شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرىنى تۇتۇپ تۇرماقتا، 25-مارت، 2025. ©2021 بۆلەنت قىلىچ، Getty Image ئارقىلىق AFP.

- تۈركىيە دائىرىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قېچىپ ئامانلىق ئىزدەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى قانۇنىي تۇرۇشلۇق ئىمكانىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئازلىتىۋاتىدۇ.

DONATE NOW English

HUMAN RIGHTS WATCH

- تۈركىيە ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرلارنى ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە قايتۇرۇشنى توختىتىشى ۋە ئۇيغۇرلارنى پاناھلانغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. باشقا ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى بىخەتەر ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە قايتا يەرلەشتۈرۈشنى جىددى ئويلىشىشى كېرەك.

November 12, 2025

Protected No More

Uyghurs in Türkiye

Download the full report in English

Appendix: Letters to Turkish Authorities

(ئىستانبۇل) كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بۈگۈن ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قېچىپ ئامانلىق ئىزدەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ئىقامەتكە ئېرىشىش يوللىرىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلدى.

«ئەمدى قوغدالمايدۇ: تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار» ماۋزۇلۇق 51 سەھىپىلىك دوكلاتتا، تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارغا ساقچى ۋە كۆچمەنلەر سىستېمىسىدا خالىغانچە «چەكلەش كودلىرى» قويغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ كودلار ئارقىلىق ئۇلار «جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت» دەپ سۈپەتلەنگەن. شۇنداقلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى خەلقئارالىق قوغداش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ ۋە تۈركىيە كۆچمەنلەر سىستېمىسىدىكى ئىمتىيازلىق مۇئامىلىسىنىڭ بىكار قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دوكلاتتا يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى ئۇيغۇرلارنى ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىققان ۋە كەمسىتكۈچى شارائىتتا قاماققا ئالغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئۆز ئىختىيارى بىلەن قايتىش» جەدۋىلىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلانغان. بۇ ئەھۋال خىتاي بىلەن جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇش كېلىشىمى بولغان ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە چىقىرىۋېتىلىش خەۋپىگە يول ئاچقان.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمى مۇدىرى ئېلېين پېئېرسون مۇنداق دېدى: «يېقىنقى مەزگىلگىچە زۇلۇمدىن قاچقان ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلاتتى. لېكىن خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىشى ۋە ئەردوغان ھۆكۈمىتىنىڭ پاناھلانغۇچى ۋە كۆچمەنلەرگە قاراتقان باستۇرۇشىنىڭ ئېشىشى بىلەن، كۆپ سانلىق ئۇيغۇر تېخىمۇ كۆپ ئەنسىزلىك ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ.» پېئېرسون يەنە، «بەزى ئۇيغۇرلار، تۇتۇلۇپ قايتۇرۇلۇش مەركەزلىرىگە يوللىنىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئۆيلىرىدىن چىقىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا بىخەتەرلىككە ئېرىشىش مەقسىتىدە خەتەرلىك يوللار ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى،» دېدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، 13 نەپەر ئۇيغۇر، 6 نەپەر ئادۋۇكات، ۋە بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئىگە بىر تۈركىيە دۆلەت ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن سىرت، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى، چېگرادىن قوغلاش قارارلىرىنى، ئەرزنامە، ۋە باشقا رەسمىي ھۆججەتلەرنى تەھلىل قىلدى. تەشكىلات يەنە 2018-يىلى دېكابىردىن 2025-يىلى ئۆكتەبىرگىچە بولغان مەزگىلدە قايتۇرۇش مەركەزلىرىدە تۇتۇلغان 33 ئۇيغۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاممىغا ئوچۇق خەۋەر مەنبەلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىقامەت رۇخستى تۈركىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە بىكار قىلىنغان بىر ئۇيغۇر: «ھېچقانداق رەسمىي ھۆججىتىم بولمىغاچقا كۈندىلىك ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ئۈچۈن دۇكانغا چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. چۈنكى تەكرار قايتۇرۇلۇش مەركىزىدە سولىنىشنى خالىمايمەن،» دېدى.

تۈركىيەدىكى باشقا پاناھلانغۇچىلار ۋە كۆچمەنلەر قاتارىدا، پاناھلانغۇچىلار ۋە كۆچمەنلەرگە قارىتىلغان باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغىمۇ «چەكلەش كودى» (كۆپىنچە ئەھۋالدا گ 87) قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ كود، خەلقئارالىق قوغدىلىش ئىلتىماسىنىڭ رەت قىلىنىشىغا، ئىقامەت رۇخستى ۋە گىراژدانلىق ئىلتىماسىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. يەنى، كۆپىنچە

كۆرۈشۈلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئادۋوكاتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قايتۇرۇلۇش مەركەزلىرىدە يامان مۇئامىلىگە دۇچار بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئۆز ئىختىيارى بىلەن قايتىش» جەدۋىلىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلانغان. بۇ جەدۋەللەر، خىتايغا ياكى ئۈچۈنجى دۆلەتلەرگە قايتۇرۇلۇشنىڭ يولىنى ئاچقان. كۆرۈشۈلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئاز دېگەندە ئۈچىنىڭ بۇ جەدۋەلنى ئىمزالىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ خىتاي بىلەن جىنايەتچىلارنى قايتۇرۇش كېلىشىمى بولغان بىرلەشكەن ئەرەپ ئەمىرلىكلىرىگە چىقىرىۋېتىلگەنلىكى بايقالدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، دوكلاتنىڭ يەكۈنلىرىگە قارىتا پىكىر بايان قىلىشى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىشى ئۈچۈن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە 2025-يىلى 23- سېنتەبىر ۋە 27 - ئۆكتەبىردە خەت يوللىدى، لېكىن جاۋاپ ئالالمىدى.

چەكلەش كودلىرىنىڭ بېرىلىشى، 6458 نومۇرلۇق چەتئەللىكلەر ۋە خەلقئارالىق قوغداش قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا باغلىق. لېكىن بۇ كودلارنىڭ قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى ئېنىقسىز. ئىجرائىيەدە بۇ كودلارنىڭ قوللىنىلىشى ئەدلىيەدىكى ئاساس قىلىنغان مۇددىئا ۋە چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ خىل كود، سەۋەبسىز، دەلىلسىز ياكى قايسى ئىش ھەرىكەتنىڭ قانۇنسىز دەپ قارالغانلىقى ئېنىقسىز تۇرۇپمۇ قويۇلىدۇ.

تۈركىيە قانۇنى بويىچە، كىشىلەر چېگرادىن چىقىرىش قارارىغا ئېتىراز قىلالايدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 2024 ۋە 2025-يىلى چىقىرىلغان بەش سوت قارارىنى تەھلىل قىلدى.بۇ قارارلارنىڭ ھەممىسىدە سوت تارماقلىرى، ئاممىۋىي تۈزۈم ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىنگەن پېيىللارنى نەقىل قىلماي تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى چېگرادىن چىقىرىش قارارلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. تېخىمۇ ئەنسىرەشكە تېگىشلىكى بولسا، داۋاگەر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە يامان مۇئامىلە كۆرۈش ۋە قىيىن قىستاققا ئېلىنىش خەۋپى ھەققىدە پاكىت كۆرسىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قايتۇرماسلىق (non-refoulment) قائىدىسىنىڭ تەدبىقلانمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىشىدۇر. كۆپ قېتىم بۇ خىلدىكى ئېتىرازلارنى ئەدلىيەگە سۇنغان بىر ئادۋۇكات:
«سوتچىلار چەكلەش كودى كۆرگىنىدە، پەقەتلا ئېھتىياتچان بولۇش ئۈچۈن، چېگرادىن چىقىرىش قارارىغا قارشى چىققان ئەرزلەرنى رەت قىلىدۇ،» دېدى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارالىق قانۇننىڭ قايتۇرماسلىق قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ قائىدە، دۆلەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىر كىشىنى زۇلۇم، قىيىن قىستاق ۋە باشقا يامان مۇئامىلىگە ئۇچراش خەۋپى بولغىنىدا، ياشاش ھەققى تەھدىتكە ئۇچرايدىغان ياكى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر يەرگە قايتۇرۇلىشنى قەتئىي چەكلەيدۇ.

قوشنىلاردىن كەلگەن ئاددىي شىكايەت تۈپەيلى ياكى بىر جىنائىي ئىشلار دېلوسىدا ئىسمىنىڭ چىقىپ قېلىشى، دېلودا ئاقلانغان تەقدىردىمۇ كىشىگە چەكلەش كودىنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا تۈركىيە دائىرىلىرى باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاخبارات تۈپەيلىمۇ چەكلەش كودى قويۇپ قويىشى مۇمكىن. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ تېنچپەرۋەر ئىش ھەرىكەتلىرى ۋە كىملىكلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى تېرورىزم بىلەن بىر تۇتىدىغان خىتاي ھاكىمىيىتى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنى تۈركىيە دۆلىتىگە مەلۇم قىلغانلىقى ۋە بۇ تۈپەيلى چەكلەش كودى قويۇلۇپ قالغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەنلىكى بايقالغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى، 2017-يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە مۇستەقىل قانۇنشۇناسلار تەرىپىدىن بۇ دەپسەندىچىلىكلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىكەنلىكى دەلىللەنگەندى. ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ تۈركىيەگە ئوخشاش خىتاي دۆلىتى «سەزگۈر» دەپ قارىغان دۆلەتلەردىن قايتۇرۇلغىنىدا،

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمى مۇدىرى ئېلىيىن پېئىرسۇن، «تۈركىيە ھۆكۈمىتى قايتۇرماسلىق قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپى بولغان ئۈچۈنجى دۆلەتلەرگە يوللاشنى دەرھال توختىتىشى كېرەك. ئۇلارنى تۇنجى قاراشتا پاناھلانغۇچى (refugee prima facie) دەپ تونۇشى كېرەك،» دېدى. پېئىرسۇن يەنە، «باشقا ھۆكۈمەتلەرمۇ، ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى توختىتىشى كېرەك؛ چۈنكى تۈركىيە ھازىرقى شارائىتتا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىخەتەر ئۈچىنچى دۆلەت ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، تۈركىيەدىكى پاناھلانغۇچىلارنى باشقا بىخەتەر دۆلەتلەرگە قايتىدىن يەرلەشتۈرۈشنى ئويلىشىشى كېرەك،» دېدى.

تاللانغان ئۆزۈندىلەر:

«مەن خۇددى جىنايەتچىدەك مۇئامىلە قىلىندىم. بىر يىل قايتۇرۇلۇش مەركىزىدە ياتتىم. ئىقامەت رۇخسىتىمنى بىرقانچە قېتىم يېڭىلاشقا تىرىشتىم لېكىن مەغلۇپ بولدۇم. كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئاخىرقى قېتىملىق ئىلتىماسىمنى رەت قىلغاندىن كېيىن، دۆلەتتىن 10 كۈن ئىچىدە چىقىپ كېتىشىم كېرەكلىكىنى يەتكۈزدى. بۇ سەۋەبلىك، (تۈركىيەدىن) ئايرىلىشقا قارار قىلدىم. خىتاي پاسپورتۇمنىڭ ۋاقتى بار ئىدى. ياۋرۇپانىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېرىشىشىم ئۈچۈن ئۆتكۈنچە بول بولىدۇ دەپ قارىغان بىر دۆلەتكە ئايروپىلان بېلىتى ئالدىم. تۈركىيە دائىرىلىرى مېنى ئايرودرومدا تۇتۇۋالدى ۋە ئىككى يىللىق كىرىشتىن چەكلەش بۇيرۇقى بەردى.» - تۈركىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەش كودى سەۋەبلىك خالىغانچە ئىجرائىيە نازارىتىگە ئېلىنغان ۋە كېيىن تۈركىيەدىن ئايرىلغان بىر ئۇيغۇر، ئىيۇن 2025.

«شارائىت بەك ناچار ئىدى. بىر قېتىمدا نازارەتخانا توققۇز كۈن بويىچە تۈزۈلۈك تاماق بەرمىدى. يەنە بىر قايتۇرۇلۇش مەركىزىدە بىر ھەپتە سىمۇنت يەردە ياتتىم ۋە ئىككى كىشى بىلەن بىللە بىر ئەديالنى يېپىندىم. كىچىك بىر كامىردا 20 كىشى بار ئىدى. تازىلىق دېيىدىغان نەرسە يوق دېيەرلىك. پېتىلىنىپ قالغان ئىنسانلارنى كۆردۈم.» - پەرقلىق قايتۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا نەچچە ئاي ياتقان بىر ئۇيغۇر، ماي 2025.

«بەزى ۋاقىتلاردا، «شۈبھىلىك» دەپ قارالغان بىرى بىلەن تېلېفون كۆرۈشكەن كىشىلەرگە چېكىدا كود قويۇلۇپ قالىدۇ. مەسلەن، «تېررورىزم» گۇمانى بىلەن تۇتۇلغان بىر ئۇيغۇر بار ئىدى. دەلىل يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەرتسىز قويۇپ بېرىلدى. لېكىن دېلو جەريانىدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ كىشى بىلەن تېلېفون كۆرۈشكەنلىكى ئېنىقلانغان ھەممەيلەنگە گ 87 كودى قويۇلدى. مەزكۇر كىشى قويۇپ بېرىلدى لېكىن بۇ جەرياندا گ87 كودى قويۇلۇپ قالغانلار ئارىسىدا ھازىرغىچە كۆچمەنلىك سالاھىيىتىدە مەسىلە كۆرۈلىۋاتقانلار بار.» - ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەرزلەردە ئىشلىگەن بىر ئادۋۇكات، ئىيۇل 2025.

«ھۆكۈمەتنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇددەتسىز ئىقامەت رۇخسىتىنى بىكار قىلىپ ئورنىغا ئىنسانىي ئىقامەت رۇخستى بەرگەن ئەھۋاللار كۆپ. بۇ قارارلار خالىغانچە بېرىلىدۇ. بەزى داۋاگەرلەرنىڭ ئىنسانىي ئىقامىتىمۇ بىكار قىلىندى ياكى يېڭىلانمىدى. بۇ خىلدىكى ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە بىر يىلغىچە ياتىدۇ. كېيىن، ھېچقانداق قانۇنىي سالاھىيىتى بولمىغان ئاساستا قويۇپ بېرىلىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ساقچى توسقۇنىدا قايتىدىن تۇتۇلۇپ، نازارەتكە ئېلىنىشى مۇمكىن. كۆچكە ئىگە ماتېرىيالى بولمىغانلار ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن قورقۇنۇچلۇق ۋە خەتەرلىك بىر دەۋرىيلىككە ئايلىنىپ قالدى. تۈركىيە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياشىغىلى بولمايدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.» - ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەرزلەردە ئىشلىگەن بىر ئادۋۇكات، ئىيۇن 2025.

DONATE NOW English

HUMAN RIGHTS WATCH

Your tax deductible gift can help stop human rights .violations and save lives around the world

$250	$100	$50
Other	$1000	$500

DONATE NOW

Türkiye ,Europe/Central Asia ,China and Tibet ,Asia Region / Country

Uyghurs Tags

Topic

,Refugees and Migrants ,Free Speech ,Detention Centers ,Asylum Seekers Religious Freedom

MORE READING

REPORTS

MOST VIEWED

1 November 12, 2025 | News Release

تۈركىيە: «چەكلەش كودلرى» ئامانلىق ئىزدىگەن ئۇيغۇرلارغا زىيان سېلىۋاتىدۇ

DONATE NOW English

HUMAN RIGHTS WATCH

HUMAN RIGHTS WATCH

Get Updates On Rights Issues Worldwide

Sign Up Enter an email address

Connect With Us

Text Version

Human Rights Watch 2025 ©

Human Rights Watch | 350 Fifth Avenue, 34th Floor | New York, NY 10118-3299 USA | t 1.212.290.4700

Human Rights Watch is a 501(C)(3) nonprofit registered in the US under EIN: 13-2875808